# ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنى ئېچىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نۇرلان ئەبىلمەجىن ئۆتكەن بىر يىللىق خىزمەتلەرنى بەش جەھەتتىن خۇلاسىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: 2020 ـ يىلى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە، ئىنتايىن ئالاھىدە بىر يىل بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىتتىپاقلىق ۋە دېموكراتىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ باش تېمىدا چىڭ تۇرۇپ، مەخسۇس كېڭەشش ئاپپاراتلىق ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، قوش يۆنىلىشلىك كۈچەش ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىنى چۆرىدەپ، كېڭەشىشتىن ئىبارەت ئاساسىي خىزمەتنى ئەمەلىي ئىشلەپ، ئورتاق تونۇش ئاساسىنى پۇختىلاپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات، ئىسلاھاتتىكى تۈرلۈك ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

نۇرلان ئەبىلمەجىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ يىل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، «14 ـ بەش يىل» باشلانغان يىل. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى، مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى توغرا ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا كۈچ قوشۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئورتاق ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئاساسنى مۇستەھكەملەشتىكى ئاساسىي ئوق قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا مۇلازىمەت قىلىشنى خىزمەتنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى قىلىپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەشنى مەركىزىي ھالقا قىلىپ، ئىتتىپاقلىق ۋە دېموكراتىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ باش تېمىدا چىڭ تۇرۇپ، مەخسۇس كېڭەشش ئاپپاراتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى چىڭ كۆزلەپ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە پائال ئاتلىنىش جەريانىدا يېڭى مەسئۇلىيەتچانلىقنى نامايان قىلىش، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

نۇرلان ئەبىلمەجىن مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سەممىي تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، «ئىككى چوڭ ۋەزىيەت»نى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، «دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى»نى ئىگىلەپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەبەدىي ئەمىنلىك ۋەزىيىتى يارىتىش، ئەبەدىي ئەمىنلىك ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەپ، سىياسىي ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە رەھبەرلىكىنى سىياسىي كېڭەشنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خاراكتېرى، ئورنىنى ئىگىلەپ، مەخسۇس كېڭەشش ئاپپاراتىنىڭ شىنجاڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مەركىزىي ھالقىنى ئىگىلەپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە سىياسىي كېڭەشنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى يېزىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

ئىلھام سابىر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىدىن بۇيانقى تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى. بىر يىلدىن بۇيان، كەڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، سىياسىي كېڭەشكە قاتناشقان ھەرقايسى ئورۇنلار ۋە ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلار 767 پارچە تەكلىپ تاپشۇرغان، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 668 پارچە تەكلىپ تۇرغۇزۇلغان، بېجىرىشكە تاپشۇرۇلغان بارلىق تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسى بېجىرىلىپ بولۇنغان.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، بىڭتۇەندىكى رەھبىرىي يولداشلار، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان رەھبىرىي يولداشلار، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى رەھبىرىي يولداشلار قاتارلىقلار ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

## ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ تەكلىپ خىزمىتى لايىھەسى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى

ئانار بولۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لى ياك** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ تەكلىپ كومىتېتى 1 ـ قېتىم يىغىن ئۆتكۈزۈپ، «ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ تەكلىپ خىزمىتى لايىھەسى»نى قاراپ چىقتى ھەم پىرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللىدى. يىغىندا، بۇ قېتىمقى يىغىنغا سۇنۇلغان تەكلىپلەرنى ئىستاتىستىكا قىلىشنى 2021 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى سائەت 14دە ئاخىرلاشتۇرۇش قارار قىلىندى.

«لايىھە»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: تەكلىپلەردە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەش، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىش، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، خەلقنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تۈپ مەقسەت، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى كاپالەت قىلىش چۆرىدىلىشى، دىققەت ئامما ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان، جەمئىيەت ئومۇمىيۈزلۈك دىققەت قىلىدىغان مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، تېمىلار كۆڭۈل قويۇپ تاللىنىپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا تەكلىپ بېرىلىشى كېرەك. تەكلىپلەر كەسكىنلىككە، ئىلمىيلىككە، مۇمكىنچىلىككە ئىگە بولۇشى، بىر ئىشقا بىر تەكلىپ بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئىخچام، مېغىزلىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇلۇشى، ئەھۋالى، تەھلىلى بولۇشى كېرەك. تەكلىپ ـ تەۋسىيەلەردە كىرىش ئېغىزى كىچىك بولۇش، داۋلى چىڭ بولۇش، نىشان توغرا بولۇش، ئېنىق، كونكرېت بولۇش تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى كېرەك.

«لايىھە»دە تەكلىپلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇش ئۇسۇلى، ئاساسىي تەلەپلەر، تاپشۇرۇلۇش ئۇسۇلى، تەكشۈرۈش ۋە بېجىرىش ھەم تەكلىپ تۇرغۇزۇش شەرتلىرى ئېنىق بەلگىلەندى. تەكلىپ خىزمىتى سىياسىي كېڭەشنىڭ بىر تۈرلۈك دائىملىق خىزمىتى، بۇ قېتىمقى يىغىندا تەكلىپلەرنى يىغىش، ئىستاتىستىكا قىلىش ۋاقتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ۋە يىغىن يېپىلغاندىن كېيىن، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلىرى داۋاملىق تەكلىپ سۇنسا بولىدۇ، تەكلىپ كومىتېتى بۇ تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈپ تۇرغۇزۇپ ھەم ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ئىشخانىسى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئالاقىدار بېجىرگۈچى ئورۇنلارنىڭ بېجىرىشىگە يوللايدۇ.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياسىتى دائىمىي رەئىسلىرىنىڭ ئىسىملىكى

(2021 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ 1 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

**(11 كىشى)**

چېن چۈەنگو، شەۋكەت ئىمىن (ئۇيغۇر)، جۇ خەيلۇن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۇڭمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم (ئۇيغۇر)، دۇڭ شىنگۋاڭ، بادەي (موڭغۇل)، گۈلشات ئابدۇقادىر (ئايال، ئۇيغۇر)، مانەن زەينەل (قازاق)، سو يۆ (خۇيزۇ)

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياسىتىدىكىلەر ۋە باش كاتىپىنىڭ ئىسىملىكى

(2021 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ تەييارلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى)

**(55 كىشى، ئىسىم ـ فامىلە بىخۇانىڭ ئاز ـ كۆپلۈك تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)**

مانەن زەينەل(قازاق)، ۋاڭ يۇڭمىڭ، ۋاڭ جۈنجېڭ، ۋاڭ مىڭشەن، ۋاڭ شۆدۇڭ، ۋاڭ گوخې، ۋاڭ رۇيچېڭ(شىبە)، كەبانۇ سىتقەدەم(ئايال، تاجىك)، قەيسەرجان(ئۇيغۇر)، كۇڭ شىڭلۇڭ، بادەي (موڭغۇل)، ئەخمەت تۇرسۇن(ئۇيغۇر)، گۈلشات ئابدۇقادىر(ئايال، ئۇيغۇر)، بۇرماقان مولدۇ(ئايال، قىرغىز)، تيەن ۋېن(ئايال)، جېلىل ئابدۇۋەلى(ئۇيغۇر)، جۇ خەيلۇن، رېن گۇاڭپېڭ، ئېلدوس مۇرات(تاتار)، ليۇ ۋەنلۇڭ، ليۇ جيەنمىڭ، مىرشات مەخسۇت(ئۆزبېك)، ئەن جېڭيۇ، رۇقىيەم مەتسەيدى(ئايال، ئۇيغۇر)، قىزىركەلدى ئابدۇراخمان(قازاق)، لى نىڭپىڭ، لى چېڭخۇي، لى يىفېي، لى شۆجۈن، ياڭ چېڭ، ياڭ فاسېن، ئۆمەرجان ئېلى(ئۇيغۇر)، شەۋكەت ئىمىن(ئۇيغۇر)، چيۇ شۇخۇا(ئايال)، خې يۇڭخۇي، قۇربان نىياز(ئۇيغۇر)، سارقىت ئاقان(قازاق)، جاڭ يەن، جاڭ ۋېنشېڭ، جاڭ شيۇچېڭ، ئايگۈل ياقۇپ (ئايال، ئۇيغۇر)، ئاينۇر مەخسەت(ئايال، ئۇيغۇر)، چېن چۈەنگو، نۇرلان ئەبىلمەجىن(قازاق)، مىڭ ۋېنجۈن(داغۇر)، قەيسەر ئابدۇكېرىم(ئۇيغۇر)، جاۋ ۋېنچۈەن، دۇ خۇڭيەن، سو يۆ(خۇيزۇ)، شۇ خەيرۇڭ، گو شياۋپىڭ(ئايال، رۇس)، دۇڭ شىنگۋاڭ، دوۋ ۋەنگۈي، شۆ بىن، مۇتەللىپ قاسىم(ئۇيغۇر)

**باش كاتىپ:** ۋاڭ يۇڭمىڭ

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىنىڭ ئىسىملىكى

(2021 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ 1 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

**(11 كىشى)**

ليۇ جيەنشىن، توختى ياقۇپ(ئۇيغۇر)، جياڭ شىنجۈن، ليۇ خۇيجۈن، سۇڭ لى، كۈرەش تۇرسۇن(ئۇيغۇر)، ۋاڭ شىنبو، ۋاڭ شۆدۇڭ، جاڭ شيۇچېڭ، جاڭ جۈن، ۋاڭ ۋۇلۇڭ

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ قارالمىسى

(2021 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ تەييارلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى)

1. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتتىن دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتۈش ۋە قاراپ چىقىش
2. ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسى لايىھەسىنى تەكشۈرۈش ۋە تەستىقلاش
3. ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ 2021 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلان لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تەكشۈرۈش ۋە تەستىقلاش

ئاپتونوم رايوننىڭ 2021 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى تەستىقلاش

4. ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىللىق خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ 2021 ـ يىللىق خامچوت لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تەكشۈرۈش ۋە تەستىقلاش

ئاپتونوم رايوننىڭ 2021 ـ يىللىق شۇ دەرىجىلىك خامچوتىنى تەستىقلاش

5. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قاراپ چىقىشقا سۇنغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە رايون بەرپا قىلىش نىزامى (لايىھە)» توغرىسىدىكى تەكلىپنى قاراپ چىقىش
6. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتتىن دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتۈش ۋە قاراپ چىقىش
7. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتتىن دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتۈش ۋە قاراپ چىقىش
8. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتتىن دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتۈش ۋە قاراپ چىقىش
9. باشقا ئىشلار

## جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ قارالمىسى

(2021 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

1. سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتتىن دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتۈش ۋە قاراپ چىقىش
2. سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىدىن بۇيانقى تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتۈش ۋە قاراپ چىقىش
3. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 ـ يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، ھۆكۈمەت خىزمەتتىن دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتۈش ۋە مۇزاكىرە قىلىش، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان(لايىھە) ھەم باشقا مۇناسىۋەتلىك دوكلاتلارنى مۇزاكىرە قىلىش
4. سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارارىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش
5. سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى تەكلىپ كومىتېتىنىڭ سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىدىكى تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش
6. سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ سىياسىي قارارىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش
7. ئالاقىدار كادىرلار ئىشلىرى